# ئاھالىلەر قەلبىنى ئىللىتىدىغان مۇلازىمەتنى ماختىدى

(بېشى 1 - بەتتە)

مۆڭگۈن مۇنداق دېدى: «ھازىر مەھەللە كادىرلىرىنىڭ خىزمەت مىقدارى زور، ئۇلارنىڭ ئامما بىلەن ئۇچرىشىدىغان ۋاقتىمۇ كۆپ. قۇبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەلىك تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ بايىنشىرگ مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق ‹ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش› خىزمەت ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى لى چېچياڭنى ئېلىپ ئېيتساق، ئاھالىلەرنىڭ ئۆيىنىڭ يۇندى يولىدىن سۇ ئېقىپ قالسا، لامپۇچكىسى كۆيۈپ كەتسە، كېچە - كۈندۈز دېمەي دەرھال بارىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، مەھەللە كادىرلىرى ئاھالىلەرنىڭ ‹چوڭ ئائىلە باشقۇرغۇچى›سى بولۇپ قالدى».

**■ما فۇچېڭ: گېپىدە تۇرىدىغان كادىرلارنى ئامما ياخشى كۆرىدۇ**

مەھەللە كادىرلىرىغا بولغان تەسىرات ئۈستىدە توختالغاندا، مەھەللە ئاھالىسى ما فۇچېڭ توختىماي بېشىنى لىڭشىتىپ: «مەھەللە كادىرلىرى ياخشى» دەپ ماختاپ كەتتى.

مۇخبىرلار ما فۇچېڭ بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا، ئۇنىڭ قۇبۇقسار ناھىيە بازىرىدا ئاشخانا ئاچقانلىقىنى، 2012 - يىلى بۇ مەھەللىدىن بىنا ئۆي سېتىۋالغانلىقىنى بىلدى. لېكىن، ما فۇچېڭ ئائىلىسىنىڭ نوپۇسى چۆچەك شەھەرىنىڭ ئېمىل يېزىسى لىۇشىڭ كەنتىدە ئىكەن. ئىلگىرىكى يىللاردا كېسەل كۆرسىتىش، ئاتچوت قىلىشتا تولا قاتراپ، بەكلا قولايسىز بوپتۇ.

2017 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ما فۇچېڭ مەھەللە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى خۇاڭ لىپىڭغا بۇ ئەھۋالنى ئىنكاس قىپتۇ. خۇاڭ لىپىڭ دەرھال ھەل قىلىشقا ياردەملىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئارقىدىن، خۇاڭ لىپىڭ ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئىلتىماس قىپتۇ، ماسلاشتۇرۇپتۇ، 2018 - يىلدىن باشلاپ، ما فۇچېڭ داۋالىنىش، دورا پۇلىنى ئاتچوت قىلىشتا قاتراپ يۈرمەيدىغان بوپتۇ. «مەھەللە مېنى يات كۆرمىدى، مەھەللە مېنىڭ ‹ئائىلەم›، مەنمۇ بۇ ‹ئائىلە› ئۈچۈن ئازراق ئىش قىلىپ بەردىم. ئاشخانىغا يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغانلار مەھەللىدىكى نامرات ئائىلىنىڭ ئەزالىرى، ھەربىر ئادەمنىڭ ئايلىق مائاشى 2800 يۈەن» دېدى ما فۇچېڭ.

«مەھەللە كادىرلىرى بىرىنچى سەپتە تۇرغاچقا، ھەربىر سۆز - ھەرىكىتىنى ئامما كۆرۈپ تۇرىدۇ، بىلىپ تۇرىدۇ، ئاممىغا بەرگەن ۋەدىمىزدە چىڭ تۇرساقلا، ئامما ئاندىن چىن كۆڭلىدىن قايىل بولىدۇ، ئاندىن پارتىيەمىز ئامما ئارىسىدا تېخىمۇ ئاممىۋى ئەشەنچكە ئىگە بولىدۇ، ئەل قەلبىنى تېخىمۇ مايىل قىلالايدۇ.» شۇ كۈنى كېچىدە، مەھەللە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى خۇاڭ لىپىڭ ئىشخانىسىدا «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نى ئۆگىنىۋاتاتتى، مۇخبىرلار ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاندا، ئۇ مۇخبىرلارغا مەھەللە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچىنى سۆزلەپ بەردى.

**■مۇختەربېك: ئاممىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان كادىرلارنى ئامما قەدىرلەيدۇ**

«چېن ئەترەت باشلىقى ياخشى كادىر، ھەر ۋاقىت بىزنى يوقلايدۇ. ھەر ئايدا بىزنىڭ ئۆيگە ئىككى - ئۈچ قېتىم كېلىپ، ئائىلىمىزدە قانداق قىيىنچىلىق بارلىقىنى، يەنە قانداق ياردەمگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمىزنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ، ھەر يىلى ھېيت - بايراملاردا ئۆيىمىزگە كېلىپ ھال سورايدۇ. ئۇ مېنىڭ پېشقەدەم كادىرلارنىڭ رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، پىنسىيەگە چىققان پارتىيەلىك كادىرلارنى تەشكىللەپ، مەھەللىدە تۇرۇشلۇق ‹ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش› خىزمەت ئەترىتى، مەھەللە ‹ئىككى كومىتېت›ى بىلەن بىللە ئاساسىي قاتلام تەشكىلات قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى» دېدى مۇختەربېك.

«بۇلتۇردىن باشلاپ، مەھەللىدە ئۆتكۈزۈلگەن دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى بويىچە تەربىيەلەش كۇرسىغا قاتناشتىم. مېنىڭ سەپەرۋەرلىك قىلىشىم بىلەن، كەمپىرىم مەھەللە تەشكىللىگەن ‹مالەنخۇا تەشۋىق قىلىش ئەترىتى›گە قاتناشتى. قىزىم سەۋلىتقان مۇختەربېك ئىلگىرى ناھىيەدە خىزمەت قىلاتتى، مېنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشۈم بىلەن، ئۇ كۇرسقا قاتنىشىپ ئىمتىھان بېرىپ، ھازىر چاغانكۆل يېزىسى دولانتى كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولدى.» مۇختەربېك مۇنداق دېدى: «پارتىيە بىز پېشقەدەم كادىرلارغا مانا مۇشۇنداق غەمخورلۇق قىلدى، مەن چوقۇم پارتىيەنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمەن، مەھەللىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمەن، مەن پېشقەدەم كادىرلارنى تەشكىللەپ ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلەپ، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆگىنىپ، مەھەللە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشىمەن!»

«بىز پىنسىيەگە چىققان پارتىيەلىك كادىرلارغا سىياسىيدا ھۆرمەت قىلىمىز، ئىدىيەدە كۆڭۈل بۆلىمىز، تۇرمۇشتا ھالىدىن خەۋەر ئالىمىز، ۋاقىت بولسىلا، پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ قانداق قىيىنچىلىقى بارلىقىنى ئىگىلەيمىز ھەم ياردەم بېرىپ ھەل قىلىمىز. پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ھەققىي ‹سىرداشى› بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھال - ئەھۋالىنى كۆڭۈلگە پۈككەندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ھەققىي ئۇتقىلى بولىدۇ.» مەھەللە ئىشخانىسىدا، مۇخبىرلار ئاھالىلەرنىڭ ئۆيىدىن ئەھۋال ئىگىلەپ قايتقان «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى چېن دېيەننى ئۇچراتتى، ئۇ مۇخبىرلارغا ئۆزىنىڭ ھەققىي تەسىراتىنى سۆزلەپ بەردى.

## كادىرلار بىلەن ئامما مۆرىنى مۆرىگە تىرىسە، قۇدرەتلىك كۈچ ھاسىل بولىدۇ

□ چېن چېن

نۇقتىدا تۇرۇش خاتىرىسى

بايىنشىرگ مەھەللىسىدىكى كادىرلار ئامما بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ، بىر مەقسەتتە ھەمكارلاشقاچقا، ھەممە ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى.

ئىناق مەھەللە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم ئۇل تېشى، ئىناق مەھەللە بەرپا قىلىش بىر تۈرلۈك مۇرەككەپ، سىستېمىلىق بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك قۇرۇلۇش بولۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ قاتنىشىشىغا ۋە قوللىشىغا موھتاج، كۆپچىلىكنىڭ ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئورتاق بەرپا قىلىش خىزمىتىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈپ، دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىناق مەھەللە بەرپا قىلىش يولىدا مېڭىشىغا موھتاج.

قانداق خىزمەت قىلىشتىن قەتئىينەزەر، كادىرلار ئامما بىلەن قەلبداش بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ، يۈزتۇرا پىكىرلىشىپ، بار - يوقىنى تەڭ كۆرگەندىلا، ئاندىن ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەلەيدۇ، كەسپتە ئابىدە تىكلىيەلەيدۇ. خۇددى بايىنشىرگ مەھەللىسىگە ئوخشاش، ھەر مىللەت ئاھالىنىڭ ھال - ئەھۋالىنى كۆڭۈلگە پۈككەندىلا، ھەرقانداق ئىشتا يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق يوق. كادىرلار بىلەن ئامما مۆرىنى مۆرىگە تىرىسە، قۇدرەتلىك كۈچ ھاسىل بولىدۇ!

مەھەللىنىڭ خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش يولىدا، بايىنشىرگ مەھەللىسى «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى، مەھەللە پارتىيە ياچېيكىسى «چىن قەلبى بىلەن خەلقنى كۆزلەش، چىن ھېسسىياتى بىلەن خەلقنى كۆزلەش» ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، بىر بەن كىشىنى يېتەكلەپ، تېخىمۇ گۈزەل، ئىناق مەھەللە بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلماقتا...

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

خىزمەت پىكىر يولى، نىشان - ۋەزىپىسى ۋە ئاساسىي تەلىپىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئىشلىرى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىيەت قۇرۇلۇشى كومىتېتى تەسىس قىلىش ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاش، جەمئىيەت ساھەسىدىكى قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم، زور تەدبىرى. زىممىگە ئالغان تارىخىي مەسئۇلىيەت ۋە تارىخىي ۋەزىپىنى ئېنىق تونۇپ، كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەت بىلەن، قانۇنىيەت ئۈستىدە ئاكتىپ ئىزدىنىپ، خىزمەتلەرنى ئىلمىي قانات يايدۇرۇپ، باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: خىزمەت ئورنىنى توغرا تېپىپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى ھەققىي ئادا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشى، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇشنى نىشان قىلىپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتنى ئىگىلەپ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى قوغلىشىپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، پائال نەتىجە يارىتىپ، جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئىشلىرىنى قانۇنچىللىق جەھەتتە كاپالەتلەندۈرۈش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: قائىدە بويىچە ئىش بېجىرىش ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، تۈزۈم ئورنىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، تۈزۈمگە ئاڭلىق رىئايە قىلىش، تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك. يەرلىك تەشكىلىي قانۇن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ كېڭەش قائىدىسىگە ئاساسەن، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك خىزمەت تۈزۈمى ۋە ئىچكى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ، كېڭەش قائىدىسى ۋە مەسئۇلىيىتى، ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خىزمەتلەرنى يۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇلۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ يۈمىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم خۇلاسە قىلدى.

# ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا 16 ئورۇننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاساسلىق مەسئۇللىرىنى كوللېكتىپ چاقىرتىپ سۆھبەتلىشىش يىغىنى ئاچتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئىدىيە ھەققىي بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، سىياسىي يۈكسەكلىك يەنىمۇ ئۆستۈرۈلۈپ، قەتئىي پوزىتسىيە، ئەمەلىي ئىستىل، قاتتىق ئىنتىزام ئارقىلىق كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىش خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇلۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جېڭىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي، كەسكىن زىممىگە ئېلىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر مەقسەتتە ھەمكارلىشىپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، باشقىچە خىياللاردا بولماي، تۈزىتىشنى كەم - كوتىسىز ياخشى تۇتۇپ، ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق پارتىيەگە مۇتلەق سادىق بولۇشنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ھەققىي چىڭىتىپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قايتا رەتلەپ، تەدبىرلەرنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، خىزمەتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ قويۇۋەتمەي، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشتىكى تۈرلۈك تەلەپلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەت سىستېمىسى ئورنىتىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن تۆۋەنگە چۆكۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا «زېرەك ئادەم»لەرنى ئەۋەتىپ، ئاساسىي قاتلامغا پائال ياردەملىشىپ مەسىلىلەرنى ئويلاپ، چارە - تەدبىر كۆرسىتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەتتە ياخشى ئورۇنداشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: سۆھبەتكە چاقىرتىش بىر خىل بېسىم، تېخىمۇ مۇھىمى بىر خىل مەسئۇلىيەت؛ بىر خىل زور ئۈمىد، تېخىمۇ مۇھىمى بىر خىل ھەيدەكچىلىك. بۇ قېتىمقى سۆھبەتكە چاقىرتىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كەسكىن مۇئامىلە قىلىپ، سۆھبەتكە چاقىرتىشنى پۇرسەت بىلىپ، ھەققىي تۈردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە ۋە بىرىنچى خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى قىلىپ، چوڭقۇر تونۇش، ئىنچىكە تۇتۇش، ئەمەلىي ئۈنۈم كۆرۈلگىچە تۇتۇش كېرەك. ھەرقايسى ئەزا ئورۇنلار ئۈلگىلىك، يېتەكچىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار ئۈچۈن بايراقدار ۋە ئۈلگە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: كۆزىتىش قايتما ئىنكاس پىكرىگە بىرلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى قەتئىي ياخشى تۇتۇش كېرەك. مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى كەسكىن، ئەستايىدىل ياخشى ئېچىپ، ئىشنى ئۆزىدىن باشلاپ، بىرىنچى قول رەھبەردىن باشلاپ، بەنزىدىن باشلاپ، ھەققىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە ئۈلگە بولۇپ، ئىدىيەنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، مەسىلىنى تەكشۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەققىي ئويلىنىش، ھەققىي تۈزىتىش، ھەققىي مەسئۇل بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىمۇ بىلىپ، بىخ ھالىتىدە توسۇپ كېڭىيىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، قەتئىي ھالدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كۆزىتىش گۇرۇپپىسى قايتما ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: مەخسۇس كۆزىتىش نەتىجىلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرى، پۈتۈن جەريانىغا تەتبىقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. دىققەتنى نىشان، ئۆلچەمگە چىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ، خىزمەت تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش تەدبىرلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى ھەققىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان بولۇشتەك ئېسىل ئىستىل ئارقىلىق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

# بورتالا ئوبلاستىنىڭ ئەرزىيەت تارماقلىرى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى ئەرزىيەت مەدىتى بىلەن تەمىنلىدى

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇ Xنىڭ ئېرى لى X يۈك ئاپتوموبىل شوپۇرى، 2019 - يىلى 1 - ئايدا، لى X ترانسپورت مەسىلىسى سەۋەبىدىن باشقىلار بىلەن زىددىيەتلىشىپ قېلىپ، باشقىلارنىڭ قىسقا ۋاقىت قاماپ قويۇشى ۋە تەھدىت سېلىشىغا ئۇچراپ، 20 مىڭ يۈەنلىك قەرز چېكىگە مەجبۇرىي ئىمزا قويغان، ھەم باشقىلارنىڭ زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، ھەم قەرز پۇلىنى قايتۇرۇشقا قۇربى يەتمەي، جۇ Xنىڭ ئائىلىسى ۋەھىمە ئىچىدە قالغان. جۇ X بورتالا ئوبلاستىنىڭ ئەرزىيەت تارماقلىرىغا كېلىپ ئىنكاس قىلىپ، ياردەمگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغان. ئۇ ناھايىتى تېزلا بورتالا ئوبلاستلىق ئەرزىيەت ئىدارىسى ھەم جامائەت خەۋپسىزلىكى تارمىقىنىڭ جاۋابىغا ئېرىشىپ، مەلۇم قىلغان دېلوسى تېزلا بىر تەرەپ قىلىنغان.

قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، بورتالا ئوبلاستلىق ئەرزىيەت ئىدارىسى «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىرلا قېتىم ئەرز قىلىش» خىزمەت ئۇسۇلىنى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى بۇنىڭ بىلەن ئۈنۈملۈك بىرلەشتۈرۈپ، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق ئەرزىيەت يىپ ئۇچلىرىنى توپلاش سالمىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «كىم بېجىرىشكە تاپشۇرسا، شۇ مەسئۇل بولۇش، كىم قوبۇل قىلسا، شۇ مەسئۇل بولۇش»تىن ئىبارەت قوش مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئەرزىيەت يولى بىلەن ئىنكاس قىلىنغان يىپ ئۇچىنى ئەستايىدىل، ئىنچىكىلىك بىلەن تىزىملاش، ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق، يىپ ئۇچلىرىنىڭ ۋاقتىدا قوبۇل قىلىنىشى، مەزمۇنىنىڭ كونكرېت بولۇشى، ئۆتكۈزۈپ بېرىشنىڭ قېلىپلاشقان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشتا قوبۇل قىلغۇچى بېجىرىش مەسئۇلىيىتىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈردى. ئەمەلىي قوللىنىشچان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئەرزىيەت خىزمىتى ئۇسۇلىنىڭ تۈرتكىسىدە، جۇ X مەلۇم قىلغان ئەرزىيەت دېلوسى تېز تەكشۈرۈپ بېجىرىلىپ، ئاممىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى قوغداپ قېلىندى.

بورتالا ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، ئەرزىيەت ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى چيەن لۇڭشىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئاممىنىڭ خەت ۋە تور ئارقىلىق قىلغان تۇنجى ئەرز - تەلىپىنى بېجىرگەندە، ئەرزىيەت تارماقلىرى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ دەلىللەپ، قانۇن بويىچە تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى پرىنسىپى بويىچە، ئالاقىدار ئەرزىيەت ئىشلىرىغا مەسئۇل تارماقلارغا بېجىرىشكە ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن. «شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز توردا نازارەت قىلىپ بېجىرىش، تېلېفوندا نازارەت قىلىپ بېجىرىش، يىغىندا نازارەت قىلىپ بېجىرىش، نەق مەيداندا نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئەرزىيەت ئىشلىرىنىڭ ۋاقتىدا بېجىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى ئەرزىيەت مەدىتى بىلەن تەمىنلىدۇق» دېدى چيەن لۇڭشىڭ.

ئىگىلىنىشچە، 2018 - يىلدىن بۇيان، بورتالا ئوبلاستىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئەرزىيەت تارماقلىرى جەمئىي 305 پارچە قېتىم ئاممىنىڭ ئەرز خېتى، ئاممىنىڭ ئەرز - شىكايىتىنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلغان، بېجىرىپ ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 90%تىن يۇقىرى بولغان. ئوبلاستلىق، ناھىيە(شەھەر)لىك ئەرزىيەت تارماقلىرى ئىش تەقسىماتى بويىچە ماسلىشىپ، ئەرزىيەت خىزمىتى بىرلەشمە ھەرىكەت مېخانىزمىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يىپ ئۇچىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، مەۋجۇت بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق، مالىمانچىلىققا چېتىشلىق يىپ ئۇچلىرىنى بىرمۇبىر ئانالىز قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەرزىيەت ئۇچۇرى سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ، مەۋجۇت بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق ئەرز - تەلەپلەرنى رەتكە تۇرغۇزغان، رەتكە تۇرغۇزۇش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق ئەرز - تەلەپتىن جەمئىي ئالتىنى بايقىغان ھەم ھەممىسىنى ئالاقىدار تارماقلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياغزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)